شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
8
چارشەنبە
维吾尔文 4 月8日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25025 - سان　بۈگۈن 4 بەت


# ئاپتونوم رايونىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىپ ئالدى

## ئىككى ئايدا 1 مىليارد 677 مىليون يۈەن كېمەيتىپ ئېلىندى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى جۈنشيا**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە: 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز 2 - ئايدىن باشلاپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىكى ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان ھەق قىسمىنى جەمئىي 1 مىليارد 677 مىليون يۈەن كېمەيتىپ ئالغان.

«ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىپ ئېلىش سىياستى بولغاچقا، شىركىتىمىزنىڭ ھەر ئايدا داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا تاپشۇرىدىغان ھەق چىقىمى 125 مىڭ يۈەن ئازايدى. بۇ تۈرلۈك سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاشتا مۇھىم رول ئوينىدى» دېدى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سانجى ئاممىۋى قاتناش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى چېڭ يىڭ.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - (ئاخىرى 2 - بەتتە)




جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش «مەخپىي شىفرى» ——

# قىلىدىغان ئىش بولۇش　نامراتلىق يىلتىزىنى ئۈزۈپ تاشلاش

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن**

كۆز قاراش ئۆزگەرسە جاھان كېڭىيدۇ. ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى كوئېنلۇن تېغى ئېتىكىدىكى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئەگۈس يېزىسى ھويلا مەھەللىسى كەنتىنىڭ نامرات قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. بۈگۈنكى كۈندە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تىرىشىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتى كۈچلۈك بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش «مەخپىي شىفرى»: قىلىدىغان ئىش بولۇش، نامراتلىق يىلتىزىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى جانلىق ئىزاھلاپ بەردى.

### چاقىرىپ ئەكېلەلمەسلىكتىن تالىشىپ تۇرۇپ بېرىشقىچە

ھويلىلارنى تازىلاش، كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇش، رەتلەش... 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھويلا مەھەللىسى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھەسەن ئىگەم خوتۇنى بىلەن ھويلا - ئارانلىرىنى رەتلەش بىلەن ئالدىراش ئىدى. مۇخبىرنىڭ سوراپ بىلىشىچە، بۇ ئەر - خوتۇن ئۆيىگە مېھمان كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇزاق ۋاقىت سىرتتا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئىكەن.

ھەسەن ئەر - خوتۇن پات ئارىدا كورلىغا بېرىپ لازا تېرىيدۇ، ئۇلار لازا تېرىپ بولغاندىن كېيىن كېۋەزلىكنى پەرۋىش قىلىشنى، پاختا ئېچىلغاندا پاختا تەرگۈچى بولۇپ، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قايتىپ كېلىشنى پىلانلىدى. «2018 - يىلى مەن ئىشلەمچىلىك قىلىپ 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتىم، شۇ يىلى ئائىلىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇلتۇر ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىللە سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ، 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتۇق، بۇ يىل تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپىمىز» دېدى بۇ يىل 48 ياشقا كىرگەن ھەسەن.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئوچۇق - يورۇق، سۆزمەن بولۇپ، مۇخبىرنى قىزغىنلىق بىلەن چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. «بىز بىللە بارساق، تۇرمۇشتا بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىكەنمىز، يەنە كۆپ پۇل تاپالايدىكەنمىز، ئۇ مەندىن يامان، مەن بىر كۈندە 100 كىلوگىرام پاختا تەرسەم، ئۇ 130 كىلوگىرام تېرەلەيدۇ» دېدى ھەسەن پەخىرلەنگەن ھالدا.

ھويلا مەھەللىسى كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋۇ ۋېي مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: كورلىغا بېرىشقا تىزىمغا ئالدۇرغان كەنت ئاھالىسىدىن 32 ئادەم بار، بىرىنچى كۈننىڭ ئالدىدا يەنە بىر تۈركۈم ئادەم شىمالىي شىنجاڭغا ئىشلەمچىلىككە ماڭىدى، «بۇ ئىككى تۈركۈم كەنت ئاھالىسى ئىشلەمچىلىك قىلسىلا، كەنتنىڭ بۇ يىللىق كىشى بېشى ساپ كىرىمىنى 1000 يۈەن ئەتراپىدا ئاشۇرغىلى بولىدۇ». (ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون «ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى

# ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى مۇلازىمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش كېرەك

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايون «ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلىدۇ)نى تارقىتىپ، كۆچمە داۋالاش ئەترىتى خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىشى، تەكشۈرتۈشى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەربىر ناھىيەدىن يۇقىرى ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرى (جۇڭيى دوختۇرخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىر كۆچمە داۋالاش ئەترىتى (پەرۋىش كەسپىي كوللېكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى سىجىل ساقلاپ قېلىپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تارماقلىرى بىلەن داۋاملىق تۈردە داۋالاش بىلەن داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى قوشۇپ بېجىرىش مۇلازىمىتىنى بىرلىشىپ قانات يايدۇرىدۇ، نۇقتىلىق مۇلازىمەت مەزمۇنى ئاساسىي قاتلام داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتلىرى (مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، يېزا - بازارلىق شىپاخانا)نىڭ كۈچى يەتمەيدىغان مەخسۇس كېسەل مۇلازىمىتى بولۇشى كېرەك. مەھەللە، يېزا - بازارلار ئاساسىي قاتلام داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى تەشكىللەپ، تەۋەلىكى ئىچىدىكى نۇقتىلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالاش مۇلازىمىتى ۋە ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ھاياتى ئارقىلىق ساداقىتىنى پۈتۈش

—— ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش جاسارەت مەخسۇت توغرىسىدا خاتىرە

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي**

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، قايغۇلۇق بىر كۈن بولدى.

بۇ كۈنى، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى ياخشى ئۇستازى، كىشىلىك ھاياتىدىكى يول باشلىغۇچىسى — ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش جاسارەت مەخسۇت كۆپچىلىك بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى، ئۇنىڭ ھاياتى 57 ياشتا توختاپ قالدى.

«ئۇنىڭ كۆڭلىدە خىزمەتلا بار، پەقەت ئۆزى يوق».

«ئۇ ھەممە ئادەمنى ئويلايدۇ، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىمايدۇ».

...

كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. خىزمەتنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە جان تىكىپ ئىشلەيدۇ، يېشىمۇ چوڭىيىپ قالدى، يەنىلا ھەممە ئىشتا ئالدىدا ماڭىدۇ؛ باشقىلارغا شۇنچە كۆپ كۆڭۈل بۆلىدۇ - يۇ، ئۆزىگە نېمىشقا ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ!

كۆپچىلىك ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئىسسىق ياشقا تولغان جۈپ - جۈپ كۆزلەردىن ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت - ھۆرمەت ۋە سېغىنىش تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ — ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر كوممۇنىستنىڭ پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيە ئىشلىرىغا بولغان ساداقىتىنى پۈتتى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتى ۋە سېھىرىي كۈچى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر جەڭچىلەردىن بولۇشقا تەسىر كۆرسەتتى. (ئاخىرى 3 - بەتتە)

1 - پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىز

# كارخانىلارنىڭ توك ئىشلىتىش تەننەرخىنى 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تۆۋەنلەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياگۇيبىڭ**نىڭ دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە: كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا توك ئىشلىتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن تەسىرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى بىرقاتار قوللاش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھەقىقىي تۈردە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى «يۈكىنى يېنىكلەتكەن». بۇ شىركەتنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1 - پەسىلدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ توك ئىشلىتىش تەننەرخ چىقىمى جەمئىي 106 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئازايغان.

دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئوتتۇرىغا چىقارغان قوللاش سىياسىتىگە ئاساسەن، بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى ساھەلەردىن باشقا ئادەتتىكى سودا - سانائەت ھەم باشقا توك باھاسى ۋە يىرىك سانائەت توك باھاسى ئىجرا قىلىنغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيە خېرىدارلىرىغا قارىتا، توك باھاسى بىرتۇتاش 95% بويىچە راسچوت قىلىنىدۇ؛ قوللاش خاراكتېرلىك ئىككى تۈزۈمدىكى توك باھاسى سىياستى بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئىجرا قىلىنىدىغان بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە نورمال ئىش باشلىيالمايدىغان، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدىغان كارخانىلارغا قارىتا، ئاساسىي توك ھەققىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش دەۋرى ۋە سىغىمنى كېمەيتىش (ۋاقىتنىچە توختىتىش) مۇددىتىگە قويۇلغان چەكلىمە بوشىتىۋېتىلىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش سەۋەبلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتكەن كارخانىلارغا قارىتا، ئەمەلىي ئەڭ چوڭ ئىشلىتىش مىقدارى توختامدىكى ئەڭ چوڭ ئېھتىياج مىقدارى چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئېشىپ كەتكەن قىسمى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ؛ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتىدە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتكە ئىشلىتىدىغان توك ھەققىنى تولۇق تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغان ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار باسقۇچ خاراكتېرلىك كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش مەزگىلىدە «قەرز بولۇپ قالسىمۇ توختىتىلماي تەمىنلەش» يولغا قويۇلىدۇ. (ئاخىرى 3 - بەتتە)



### ئېتىلىن پارچىلاش پېچى ئورنىتىش

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قۇرۇلۇشچىلار كورلا شاڭكۇ يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى تارىم ئېتاندىن ئېتىلېن ئايرىش قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا ئېتىلېن پارچىلاش پېچى ئورناتتى. بۇ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولۇپ، جەمئىي 11 مىليارد 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 2021 - يىلى 6 - ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش　پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش

ئاپتونوم رايونىمىز ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان يېڭى دورا

# نەزلە جەۋھىرى كىلىنىكىدا سىناق قىلىش تەستىقىغا ئېرىشتى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ يۈ** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىز ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان يېڭى دورا نەزلە جەۋھىرى دۆلەت دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ، كىلىنىكىدا سىناق قىلىش باسقۇچىغا كىردى.

نەزلە جەۋھىرىنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى ھاجىئەكبەر ئەيسا باشچىلىقىدىكى تىما گۇرۇپپىسى تەتقىق قىلىپ ياسىغان بولۇپ، زۇكامنى، بولۇپمۇ ئىسسىقتىن بولغان زۇكامنى داۋالايدىغان دورا.

2013 - يىلى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى بىلەن ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) ھەمكارلىشىپ، پايدا ئالمايدىغان تەتقىقات ئاپپاراتى شىنجاڭ بىيو تېبىبىي دورىدا يېڭىلىق يارىتىش تەتقىقات يۇرتىنى بىرلىشىپ قۇردى. بۇ تەتقىقات يۇرتى ئىلغار دورا ئانالىز قىلىش ئەسۋابى ئۈسكۈنىسى ۋە جۇڭيى تېبابىتى دورىسى، (ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ياخشى تازىلىق ئادىتىنى ئاڭلىقلىقتا ئايلاندۇرايلى

سۆز ھەممىگە

□ **شۇ چىڭگۇاڭ**

«قولنى يۇيۇپ تۇرۇش، ماسكا تاقاش، پات - پات ھاۋا ئالماشتۇرۇش»تىن تارتىپ، «ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرمەسلىك، خالىغانچە ئەخلەت تۆكمەسلىك»كىچە، يەنە «يۆتەلگەندە، چۈشكۈرگەندە ئېغىز - بۇرۇننى تازىلىق قەغىزى ياكى يەڭ بىلەن توسۇۋېلىش»قىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ئىشخانىسى چىقارغان «32 - قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامە»دىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇن دەل يامان ئادەتنى تاشلاپ، ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتۇر.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە، بىزنىڭ بىر مۇھىم تەجرىبىمىز دەل ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ساغلام تۇتۇشتىكى بىرىنچى مەسئۇل كىشى بولۇپ، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، ساۋاتلارغا ئەمەل قىلىپ، تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە تەپسىلاتلاردىن باشلاپ، مۇداپىئەلىنىشكە ئېتىبار بېرىپ، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت. ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلاندى، (ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئاددىيلاشتۇرۇپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ئەلالاشتۇردى

# «ئىككى تېزلىك» كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى شىڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە: پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئالاقىدار مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تارماقلىرى مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىكى ئېجابىي تېزلىكنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتىنى ئاددىيلاشتۇرغان؛ نازارەت قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئېجابىي تېزلىكنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، مۇھىتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش شەكلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە پائال كۈچ قوشقان. (ئاخىرى 3 - بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团